# كىمكى سەپەردە بىر ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن :«ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن ئاللاھقا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇ كىشى چۈشكەن ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىپ بولغىچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ

خەۋلە بىنتى ھەكىم سۈلەمىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى سەپەردە بىر ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن :«ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن ئاللاھقا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇ كىشى چۈشكەن ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىپ بولغىچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى سەپەر قىلغان بولسۇن ياكى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بىر يەرگە بارغاندا بولسۇن ياكى ھەر قانداق ئەھۋالدا، بىر يەرگە چۈشكەندە، ھەزەر قىلىدىغان ئىشتىن مەنپەئەت بېرىدىغان بىر نەرسىگە چىڭ ئېسىلىشقا يېتەكلىدى، ئۇ بولسمۇ، پەزىلەت، بەرەكەت، مەنپەئەت بېرىشتە ھەر قانداق ئەيىپ-نۇقساندىن پاك، شۇ يەردىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىدىغان ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىسىگە ئىلتىجا قىلىش ۋە چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلغاندا، شۇ جايدا تۇرغان مۇددەتتە ئۇ يەردىكى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5932